## 30897 ـ ھەج تارىخىغا دائىر ئەھكاملار

### سۇئال

ھەجنىڭ تارىخى ۋە ھەج پائالىيەتلىرى ئىلىپ بارىدىغان ئورۇنلاردىن مەلۇمات بىرىشىڭلارنى سورايمەن؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ساپا–مەرۋە ئارىسىدا مېڭىشى ھاجەر ئانىمىزنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەن، ئەمما باشقا پائالىيەت ئەھۋالىنى بىلمەيمەن، ماڭا شەيتانغا تاش ئېتىش،تاۋاپ قىلىش، ئەرەپاتتا تۇرۇش، زەمزەم ئىچىش، مىنا –مۇزدەلىپىلەردە قونۇش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان بولساڭلار؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسلام ئۈممىتىدىن ئىلگىرى–كېيىنكى بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كىلىشى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلار رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مۇقەررەرلەشتۇرۇشى بىلەن ئاللاھنىڭ بەيتىگە كىلىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ دىنى پائالىيەت ئىسلامدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كەسكىن تەكىتلىدى.

ھەج قىلىشمۇ باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس ئەمەللەر بىلەن ئادا قىلىنىدۇ، ھەر بىر ئەمەلنى شەرىئەت كۆرسەتكەن پىرىنسىپ بىلەن ئادا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئېھرامغا كىرىش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش، ساپا–مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش، ئەرەپاتتا تۇرۇش، مىنا –مۇزدەلىپىلەردە قونۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ھالەتتە ئادا قىلىش تەقەززا قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بىرىدىغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىمام ئىبنى قەييۇم"زادۇل مەئاد" ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى كەسىر "ئەلبىدايە ۋەننىھايە" ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ھەج ئەھكاملىرىنى تولۇق بايان قىلغان، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئەھكاملارنى بىلىپ ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ھەج قىلىشتىكى ئاساسى مەقسەت ئاللاھنىڭ زىكرىنى تۇرغۇزۇش بولۇپ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن:« پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۈمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەمدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ا⍰ نى ياد ئېتىڭلار، ا⍰ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى ا⍰ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار) (١٩٨) ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، ا⍰ تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ا⍰ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (١٩٩) سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ا⍰ نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد

ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر (٢٠٠) بەزى كىشىلەر: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن دەيدۇ (٢٠١) ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ا� نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ) (٢٠٢)ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) ا� نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)، (مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (يۇقىرىقى ئەھكاملار) تەقۋادارلىق قىلىپ (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان) ئادەم ئۈچۈندۇر. ا� تىن قورقۇڭلار؛ بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن ا� نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر (٢٠٣)» (سۈرە بەقەرە 198–203 ـ ئايەتكىچە).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ھەقىقەتەن كەبىنى تاۋاپ قىلىش، ساپا–مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ زىكرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قىلىندى دېيىلگەن.

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىدەك ھەج پائالىيەت ئورۇنلىرىنى ئۇلۇغلىشى كېرەك، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئىش مانا شۇنداق، كىمىكى دىنى ئىشلارنى(جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى)ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر ھەج سۈرىسى 32— ئايەت. بۇخارىي رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجەر ئەسۋەد (كەبەنىڭ بۇرجىكىدىكى قارا تاش) گە قاراپ: "مەن سىنىڭ ھېچكىمگە پايدا–زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام مەنمۇ سۆيمەيتتىم"دىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئىبنى جەۋزىي –رەھىمەھۇللاھ– ھەج ئەمەللىرىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مۇقەددەس ئورۇن ۋە مۇبارەك نەرسىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەھكاملىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ، بۇنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى بىلمىگەنلەر بۇنىڭ نىمە ئەھمىيتى بار دەيدۇ؟، بۇنىڭ سەۋەبلىرى سەھىھ ھەدىسلەردە تولۇق بايان قىلىنغان، مۇشۇ ھەقتىكى بەزەن قۇرۇلمىلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن:

ئىبادەتنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۇ بەندىنىڭ ئۆز ئىگىسى ئالدىدا خارلىقىنى ئىپادە قىلىشىدۇر، نامازدىمۇ ئىبادەتتىن چۈشەنچە بېرىدىغان ئۆزىنى تۆۋەن ۋە خار ھالەتتە ئىپادىلەش كۆرىلىدۇ، زاكاتتا بولسا ئۆز–ئارا كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق ئىپادىلىنىدۇ، روزا تۇتۇشتا بولسا ئۆز ياراتقۇچىسىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن نەپسىنىڭ شەھۋىتىنى سۇندۇرۇپ بويسۇندۇرغانلىق نامايەندە بولىدۇ. بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمەتلىك قىلىنىشى، ئەتراپىنىڭ ئالاھىدە چەكلەنگەن كاتتا ئورۇن قىلىنىشى، كىشىلەر توپا–چاڭغا مىلەنگەن ھالەتتە يۈزلىنىشى قۇلنىڭ خوجايىنى ئالدىغا خار ھالەتتە كەلگەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ، ئىنساننىڭ نەپسى ماھىيىتىنى چۈشۈشۈپ ئىشلىگەن ئىبادەتكە مايىل بولىدۇ، تەبىئىتى ئۇنى دائىم قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ساپا–مەرۋە ئارىسىدا ماڭغاندەك ھاياتتا ئاللاھقا تولۇق بويسۇنىشى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭ مەنىسىنى ئەقىل بىلەلمەيدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ھېكمىتى يوشۇرۇلغان ئىبادەتلەرنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىردىن–بىر نەرسە پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇشۇ چۈشەندۈرۈش بىلەن ئىبادەتتە غۇۋا بولۇپ قالغان سىرلارنى بىلىش مۇمكىن".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىن ئىلگىرىكى، ھەج پائالىيەت تارىخلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بۇ ئىشلارنى بىلمەسلىكنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، بۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلار سۆزلەنگەن بولۇپ بۇنىڭدىن بەزىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1– ھەج قاچان پەرز قىلىنغان ياكى ھەج ئەمەللىرى قاچان باشلانغان؟.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا(ئۇلارنى)ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ( ھەج سۈرىسى 27ئايەت).

ئىبنى كەسىر (3221) يۇقىرىقى ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " ئى ئىبراھىم! كىشىلەرنى بىز سېنى ياساشقا بۇيرىغان بۇ بەيتۇللاھقا كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغىن دېگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم مېنىڭ ئاۋازىم ھەممە كىشىلەرگە يەتمەيدىغان تۇرسا، مەن ئۇلارغا قانداق يەتكۈزىمەن؟دېدى، ئاللاھ تائالا: سەن چاقىرغىن! ئۇلارغا بىز يەتكۈزىمىز دېدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (ھازىرقى ئاياق ئىزى بار جايدا ياكى ھىجىرنىڭ ئىچىدە— كەبىنىڭ يېنىدىكى ئاق تامنىڭ ئىچى– ياكى ساپا تېغى ياتى ئەبى قۇبەيس تېغىدا، بۇ ھەقتىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس) مۇنداق دېدى: ئى خالايىقلار! سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار زېمىندا بىر ئوي بىنا قىلدى، بۇيەرگە كېلىپ ھەج قىلىڭلار!، بىر رىۋايەتتە تاغلار پەسىيىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى زېمىننىڭ ھەممە تەرىپىگە ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازنى ئاتىنىڭ سۇلبىدىكى، ئانىنىڭ رەھمىدىكى ھەممە يارىتىلغۇچى ئاڭلىدى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تاش، چالما ۋە داڭگاللارمۇ جاۋاپ قايتۇردى، قىيامەت كۈنىگىچە ھەج قىلىشى يېزىلغان كىشىلەر لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە دەپ تەلبىيە ئېيتتى. بۇ رىۋايەتنى ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇجاھىد، ئىكرەمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقا نۇرغۇن ئالىملار نەقىل قىلغان".

ئىبنى جەۋزىي رەھىمەھۇللاھمۇ ئۆزىنىڭ مۇسىيرۇل ئەلئەزمۇس ساكىن ناملىق ئەسىرىدىمۇ يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئوخشىشىنى نەقىل قىلغان.

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن بۇرۇنقى ھەج پائالىيەت تارىخلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئىسلامدا ھەجنىڭ قاچان پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، بەزەن ئالىملارنىڭ ھەجنى ھىجرىيەنىڭ 6– يىلى، 7– يىلى، 9– يىلى ۋە 10– يىلى پەرز قىلىندى دېگەن قاراشلىرى بار. ئىبنى قەييۇم "زادۇل مەئاد" ناملىق ئەسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ بىر قېتىم خوشلۇشۇش ھەججىنى قىلغانلىقىدا ۋە ھەجنىڭ ھىجرىيەنىڭ 10– يىلى پەرز قىلىنغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق، ھەجنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا ئايەتلەر نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ كېچىكتۈرمەستىن پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىدى.

سىلەرنىڭ ھەجنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى ئايەت كېچىكىپ ھىجرىيەنىڭ 9– يىلى ياكى 10– يىلدا نازىل بولغان دەپ مۇقەررەرلەشتۈرۈشۈڭلارنىڭ نېمە ئاساسى بار؟ دېيىلگەندە، بۇنىڭغامۇنداق جاۋاپ بېرىلگەن: "ئالە ئىمران سۈرىسى (ئامىل ۋۇپۇد) ئەلچىلەر يىلى چۈشكەن(بۇ ھىجرىيەنىڭ 10– يىلى ھېسابلىنىدۇ)، بۇ يىلدا نەجراندىن ئەلچىلەر ئۆمىگى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىزيە تۆلەشكە سۈلھى قىلىشقان، جىزيە ھەققىدىكى ئايەت ئالە ئىمران سۈرىسىنىڭ ئەۋۋىلىدە بولۇپ ھىجرىيەنىڭ 9– يىلى نازىل بولغان".

ئىمام قۇرتۇبىي ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە(2492) "ھەج پائالىيەتلىرى ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇر ئىشلاردىن ئىدى، ئىسلام دىنى ئۇلارغا ئۆزى بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان ئىشلار بىلەن خىتاپ قىلدى" دەپ بايان قىلىدۇ.

2– كەبىنى تاۋاپ قىلىش.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى( يەنى كەئبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرىدۇق. بۇ ئايەت كەبىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىدىمۇ بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

3– ئەۋۋەلقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا تىز مېڭىش.

ئەۋۋەلقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا تىز مېڭىش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەت بولۇپ مەككىگە يېتىپ كېلىپ تۇنچى قىلغان تاۋاپتا قىلىنىدۇ، ئاياللار نورمال ماڭىدۇ.

ئەۋۋەلقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا تىز مېڭىشنىڭ باشلىنىش سەۋەبى قانداق؟.

مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەندە، مەككە مۇشرىكلىرى: يەسرەب(مەدىنە)نىڭ تەپ_قىزىتمىلىرى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن كىشىلەر كېلىدۇ دەپ زاڭلىق قىلىشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى تاۋاپنىڭ ئەۋۋەلقى 3 قېتىملىق ئايلىنىشىدا تىز–تىز مېڭىشقا بۇيرىغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: مۇشرىكلارغا باتۇرلىقىڭلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىز–تىز مېڭىڭلار دېگەن دېيىلىدۇ.

4– زەمزەم سۈيى ئىچىش.

بۇخارىي ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى —ئىمىۋاتقان ۋاختىدا— ئېلىپ كېلىپ بەيتۇللاھنىڭ ياسىلىشتىن بۇرۇنقى ئورنى مەسچىتنىڭ ئۈستۈن تەرەپىدىكى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويدى، بۇ ۋاقىتتا مەككىدە ھېچ قانداق بىر كىشى ۋە سۇمۇ يوق ئىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككەيلەننى بۇ يەردە يېنىدا بىر تۇلۇم خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ بىلەن قويۇپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى كەينىدىن ئەگىشىپ: ئى ئىبراھىم! بىزنى ئىنسى–جىن ۋە ھېچ نەرسە يوق بۇ جىلغىدا يالغۇز تاشلاپ كېتەمسەن دېگەن سۆزنى قايتا–قايتا تەكرالايدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ھاجەر: ئاللاھ سىنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟ دەيدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ھە_ئە، ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى دەپ كېتىۋېرىدۇ. ھاجەر: ئۇنداق بولسا بىز خاتىرجەم بولىمىز دەپ كەينىگە قايتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇلار كۆرۈنمىگەندىن كېيىن بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈزلىنىپ قولىنى كۆتۈرۈپ بۇ دۇئالارنى ئوقىدى: پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن ھەج سۈرىسى 37–ئايەت.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىپ، سۇدىن ئىچىپ، خورمىدىن يەپ تۇردى، ئىچىدىغان

سۇ تۆگەپ ئۇسسۇزلۇق چىكىگە يەتكەندە ئوغلى ئۇسسۇزلىقتىن تولغىنىشقا باشلىدى، ئانىسى بۇنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالماي تۇرغان يېرىگە يېقىن بولغان سايا تېغىغا قاراپ سۇ ئىزدەپ يۈگۈردى، ئۇيەردە سۇ بولمىغاندىن كېيىن بىرەر كىشى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ جىلغىغا قارىدى ،ئۇ يەردىمۇ هېچ كىشى بولمىغاندىن كېيىن سايا دىن چۈشۈپ جىلغىدىن كۆيىنگىنى قىستۇرۇپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ مەرۋىگە كەلدى، بىرەر كىشى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپىقا قاراپ هېچ كىشىنى ئۇچراتمىدى، بۇ ئەھۋاللار سايا–مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم تەكرالاندى. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئىككى ئارىلىقتا يەتتە قېتىم مېڭىش هازىر ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان سەئيىسى شۇ دېدى. هاجەر ئاخىرقى قېتىم مەرۋىگە كەلگەندە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆزىگە–ئۆزى: چوقۇم سىنىڭ يېنىڭغا بىر قۇتقازغۇچى كەلدى دەپ پىچىرلىدى، شۇ ۋاقىتتا زەمزەم قۇدىغىنىڭ يېنىدا بىر پەرىشتە تۇراتتى، ئۇ قانىتى بىلەن يەرنى سۇ چىققۇنچە قەدەر كولىدى، ئۇ يەردىن زەمزەم چىقتى. هاجەر ئەتراپىنى كۆل قىلىپ توسۇپ سۇنى ئۇۋۇچلاپ تۇلۇمغا ئېلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ئۇ زەمزەمنى ئۇۋۇچلاپ توسىۋالماستىن ئۆز يولى بىلەن ئاققىلى قويغان بولسا ئىدى، هازىردا زەمزەم بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇلاق بولاتتى دېدى. پەرىشتە هاجەرگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىپ: خاتىرجەم بولغىن، بۇ يەرگە مۇشۇ ئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئاللاھنىڭ بەيتىنى بىنا قىلىدۇ ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەهلىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ دېدى.

5– ئەرەپاتتا تۇرۇش.

ئەبۇ داۋۇد يەزىد ئىبنى شەيباندىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: بىز ئەرەپاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكەن ئورۇندىن يىراقراق بىر جايغا چۈشكەنتۇق، بىزنىڭ يېنىمىزغا ئىبنى مۇرەببى ئەنساري كېلىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن خەۋەرچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرگە: ئۆز ئورنۇڭلاردا تۇرۇڭلار، سىلەر ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسالامنىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتىسىلەر دەيدۇ دېدى.

ھەج ئەمەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ بولغان، لېكىن مۇشرىكلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يولغا قويمىغان ئىشلارنىمۇ پائالىيەت قاتارىغا كىرگۈزىۋالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ھەج ئەمەللىرىنىڭ ئەسلىنى بايان قىلىپ كېيىن قىتىۋېلىنغانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

بۇ ھەجنىڭ ۋە بەزەن مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بۇندىن ئارتۇقچە مەلۇمات كېرەك بولسا ئىبنى جەۋزىينىڭ مۇسىيرۇل ئەلئەزمۇس ساكىن ئىلا ئەشرەپىل ئەماكىن ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توملىرىغا مۇرا جىئەت قىلىنسۇن.